# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
16
دۈشەنبە
维吾尔文 9月16日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24820 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى» ھەم «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلدى)، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى» دېيىلدى) ۋە يېڭىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 18 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا تىرەك بولىدىغان تۈپ سىياسىي تۈزۈم. يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز خەلق دېموكراتىيەسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، شۇنداقلا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگودا قانداق سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىش يېقىنقى دەۋردىن كېيىن جۇڭگو خەلقى دۇچ كەلگەن بىر تارىخىي خاراكتېرلىك تېما. يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بۇ تەسەۋۋۇرنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىدى، شارائىت ياراتتى. جۇڭگودا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ سىياسىي تۈزۈم تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئىجادىيىتى، يېقىنقى دەۋردىن كېيىن جۇڭگونىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئېچىنىشلىق ساۋاقلارنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ چىقارغان ئاساسىي يەكۈنى، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ 100 نەچچە يىلدىن بۇيان كەسكىن ئۆزگەرگەنلىكى، داۋالغۇپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ تارىخىي نەتىجىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇشىدىكى مۇقەررەر تاللىشى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگودا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ھەم ھاياتىي كۈچكە تولۇشى، ھەم تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئاچقۇچ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىكى تۈپ تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرى ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسى» ھەمدە يېڭىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەلگىلىمىسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى بېسىپ تارقاتتى، بۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار «نىزام» قاتارلىق پارتىيەنىڭ ئۈچ ئىچكى نىزامىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي يۇكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سىياسىي يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي تۈردە زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

«ئىككىنى قوغداش»تىن ئىبارەت تۈپ سىياسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نىڭ نىزام تۈزۈم كاپالىتىنى پۇختىلاشنى پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى تۈزۈش، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش، ئىجرا قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەردە «ئىككىنى قوغداش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكى، ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچلۈك تۈزۈم تىرىكىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل  كۆرەشچان يېڭى دەۋر
كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زىيارىتى

## ئالدىنقى سەككىز ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلاندى

### شەھەر ـ بازارلاردا 429 مىڭ 300 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 237 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى

مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، ئاپتونوم رايونىمىز مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشنى ساقلىغان، ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلانغان، شەھەر ـ بازارلاردىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلىشىشتا يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 90%تىن ئارتۇقى ئورۇندالغان، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 80%تىن ئارتۇقى ئورۇندالغان، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر سانىدا، ساياھەت كەسپىنىڭ تۈرتكە بولۇشى بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار سانىدا يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

ئالدىنقى سەككىز ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 429 مىڭ 300 ئادەم بولۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 95.4%ى ئورۇندالغان؛ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 237 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 82.8%ى ئورۇندالغان؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلاردىن 36 مىڭ 800 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىنىڭ 92.06%ى ئورۇندالغان، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈش ھالىتى ساقلانغان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يولداش ۋاڭ خۇەييۈ ۋاپات بولدى

### شى جىنپىڭ يولداش ۋاڭ خۇەييۈنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىدى

### چېن شى، چېن چۈەنگو تەزىيە بىلدۈردى ۋە ھال سورىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك، 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ۋاڭ خۇەييۈ كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 14تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە 78 يېشىدا ۋاپات بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يولداش ۋاڭ خۇەييۈنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى، ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىدى.

چېن شى تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىدى.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يولداش ۋاڭ خۇەييۈنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرى، قىسمەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ھال سورىدى.

يولداش ۋاڭ خۇەيۈ 1941 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شەنشىنىڭ سۈيدې ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ «شىنجاڭ كۈنى» بۈگۈن باشلىنىدۇ

سېھىرلىك دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ، گۈزەل شىنجاڭ

مۇخبىرلىرىمىز **لىۇ دۈڭلەي، جاڭ تىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ئۈچ كۈنلۈك «شىنجاڭ كۈنى» باش تېمىلىق پائالىيىتىنى كۆتۈۋالىدۇ. شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونى، گۈيتۇن تىياتىرخانىسى قاتارلىق كۆپ جايدا، شادىمان ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە خۇش پۇراق قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېچەكلەر چوقۇم نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلىدۇ. شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول بولغان «شىنجاڭ كۈنى» پائالىيىتى شىنجاڭنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىگە سۇنغان بىر سوۋغىسى.

بۇ قېتىمقى «شىنجاڭ كۈنى» پائالىيىتىنىڭ باش تېمىسى «شىنجاڭ ياخشى جاي». ئاساسلىق مەزمۇنى شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ساياھەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش، خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنى تونۇشتۇرۇش ھەم سودا كېڭەشمىسى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇش. بىر قاتار تۈرلۈك سەرخىل پائالىيەتلەر باش تېمىنى چۆرىدەپ بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ كۈنلۈك «شىنجاڭ كۈنى»نى بېيىتىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاش  بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىش  ئەمەلىي ئۈنۈمگە كۈچەش

### —— ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېز ھەرىكەتكە كەلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىپ، پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



### قومۇلدىكى بوشلۇق ئەينەك ئاسما يولى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر قومۇل شەھىرى باركۆل كۆلى بويىدىكى كۆلياقا يېزىسىنىڭ قارا چەگزى مەنزىرە رايونىدا بوشلۇقتىكى ئەينەك ئاسما يولدىن ئۆتمەكتە. جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قومۇلدىكى تۇنجى بوشلۇقتىكى ئەينەك ئاسما يول مەنزىرە كۆرۈش سۈپىتى ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلىپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى كېلىپ كۆرۈش، سەيلە قىلىشقا جەلپ قىلدى.  □ داۋۇت رىشات فوتوسى

شىنجاڭ ياخشى جاي

## جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭدا ساياھەتچى ئومۇمىي مىقدارى، ئىستېمال ئومۇمىي سوممىسىدا قوش يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، بۇ يىل جۇڭچيۇ بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىدىن 7 مىليون 205 مىڭ 700 ئادەم قېتىمنى كۈتۈۋالغان، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 37.23% ئاشقان؛ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ئىستېمالى 1624.76 يۈەن بولۇپ، دۆلەت ئىچى ساياھەت كىرىمى 11 مىليارد 708 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24.77% ئاشقان، ساياھەتچى ئومۇمىي مىقدارى، ئىستېمال ئومۇمىي سوممىسىدا قوش يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان.

يېزا ـ كەنت ساياھىتى، قىسقا مۇساپىلىك ساياھەت قىزىپ كەتتى. گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى جۇڭچيۇ بايرىمىلىق بۇغدايلىقتا كۈزلۈك يىغىم پەسلى پائالىيىتى، قابا ناھىيەسىنىڭ بەيخۇلىن مەنزىرە رايونىدىكى جۇڭچيۇ بايرىمىدا گۆھەر ئىزدەش پائالىيىتى، باغراش ناھىيەسىدىكى «شىخەي ئالتۇن كۆز ئېيى . دەريا ئېغىزىدا جەم بولۇش بايرىمى» جۇڭچيۇ بايرىمى باش تېما پائالىيىتى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەدەنىيەت ۋە ساياھەت پائالىيەتلىرى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)